# يېڭى پۇرسەتنى تۇتۇش يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىشتۈرۈش

—— تۈنجى پەسىللىك جۇڭگو ئىقتىسادىنى كۆزىتىش —— سېلىنمىنى مۇقىملاشتۇرۇش

## جۇڭگو ئىقتىسادىنى يېقىندىن كۆزىتىش

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ئەن بېي، خې شىنرۇڭ، خەن جىن

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ زەربىسى ئالدىدا، دۆلىتىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى. بۇ يىل 1 - پەسىلدە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 16.1% تۆۋەنلەپ، تۆۋەنلەش ھەجمى 1 -، 2 - ئايدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 8.4 پىرسەنت پوئېنت تارايغان بولۇپ، سېلىنمىنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى روشەن كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

«يېڭى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى»نى تېزلىتىش، كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچەپ تولۇقلاش، ئەلئارا سېلىنمىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش... كۆز ئالدىدىكى كىرىزىس، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقتىن پۇرسەتنى تۇتۇش ۋە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسى قەتئىي يولغا قويۇلۇپ، سېلىنمىنىڭ ئاچقۇچلۇق رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېڭى تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى يېتىلدۈرۈلدى.

### «يېڭى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى»دىن يېڭى پۇرسەت يارىتىش

تەخمىنەن 236 مو يەر ئىشلىتىپ، 25 مىڭدىن كۆپرەك ئاپپارات ئىشكاپى قۇرۇش پىلانلاندى... يېقىندا ئومۇمىي سېلىنمىسى 15 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان تېڭشۈن چاڭجياڭ دېلتىسى سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارلىق دەرىجىدىن تاشقىرى ھېسابلاش مەركىزى ھەم كەسىپ بازىسى شاڭخەينىڭ سۇڭجياڭ رايونىغا ماكانلاشتى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، چۇڭچىڭدىكى 28 مۇھىم، زور تۈردە مەركەزلىك ئىش باشلىنىپ، ئومۇمىي سېلىنما تەخمىنەن 105 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە تۈرى 22، ئومۇمىي سېلىنما 81 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، 5G تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇل ئەسلىھە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تىرىكى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ تېز تەرەققىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەم ئۇنىڭغا تۈرتكە بولدى، كەسىپنى رەقەملەشتۈرۈش، رەقەمنى كەسىپلەشتۈرۈش «تېزلىتىش كۇنۇپكىسى»نى باستى، يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى يۈكسەك دىققەت قوزغىدى.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى بۇ يىل ئىچىدە يېڭىدىن 5G ئاساسىي پونكىتىدىن 48 مىڭنى قۇرۇشنى پىلانلىدى؛ گۈيجۇ ئۆلكىسى تىرىشىپ بۇ يىل 5G ئاساسىي پونكىتىنى 10 مىڭغا يەتكۈزۈپ، شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شەھەر مەركىزىي رايونلىرىنى تولۇق قاپلىتىدۇ؛ جۇڭگو تېلېگرافى ۋە جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئاساسىدا 300 مىڭ 5G ئاساسىي پونكىتى قۇرۇش نىشانىنى تاماملاشنى پىلانلىدى...

5G تورى، سانلىق مەلۇمات مەركىزى قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، ئېھتىياج تەرەپتىن كەڭ كۆلەملىك مەبلەغ سېلىشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا باشلامچىلىق قىلىنىدۇ؛ تەمىنات تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەرگە ئېنېرگىيە بېغىشلىنىپ، ئوتتۇرا، يۇقىرى تېرمىنال بىلەن تەمىنلەش كۆپەيتىلىپ، كەسىپ ۋە ئىستېمال جەھەتتە «قوش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش» ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، بۇنى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئورتاق مەنپەئەتلىنىدۇ، كۆپەيتىش ئۈنۈم ئېففېكتى ئېلىپ كېلىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

### كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ دەل جايىدا مەبلەغ سېلىشقا كۈچەش

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئېچىلغان گۇۋۇيۈەننىڭ دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: بۇ يىل ھەرقايسى جايلار شەھەر - بازارلاردىكى 39 مىڭ كونا ئولتۇراق رايونىنى ئۆزگەرتىشنى پىلانلىغان بولۇپ، 7 مىليونغا يېقىن ئائىلىلىك ئاھالىگە چېتىلىدۇ، بۇ، بۇلتۇرقىدىن بىر ھەسسە كۆپىيىدۇ، مۇھىم نۇقتا 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن قۇرۇلغان ئولتۇراق رايونلار بولىدۇ.

يۇقۇمنىڭ تەسىرى ئالدىدا، دىققەتنى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، سېلىنما تۈرلىرىنى توغرا تاللىغاندا، سېلىنمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق بىر ئىشتىن كۆپ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

«دۆلەتنىڭ يىرىك پىلانىدا ئايدىڭلاشتۇرۇلغان مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلار ۋە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش تېزلىتىلدۇ، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتى ساھەسىدىكى سېلىنما نۇقتىلىق ئاشۇرۇلدۇ؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئوتتەكلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا ئىگىلىكى - يېزا، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، شەھەر - بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش ساھەسىدىكى قۇرۇلۇشلار كۈچەيتىلىدۇ؛ 5G تورى، سانلىق مەلۇمات مەركىزى قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى تېزلىتىلدۇ، ئەلئارا سېلىنمىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ» دېدى دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى سېلىنما مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى لىۋ شىخۇ.

دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 3 - ئايدا يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر 11 مىڭ 998 بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى ئايدىكىدىن 9497 سى كۆپەيگەن. 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سائەت 12گە قەدەر، بىناكارلىق كارخانىلىرى ۋە ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 82.6% ۋە 85.6% بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكىدىن 43.3 ۋە 37 پىرسەنت پوئېنت ئۆسكەن.

«بىر قاتار كۈرسەتكۈچلەر سېلىنمىنىڭ ئېشىش ئاساسىنىڭ مۇستەھكەملىنىۋاتقانلىقىنى، كەلگۈسىدە سېلىنمىنىڭ تۆۋەنلەشتىن تەدرىجىي قۇتۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى» دېدى دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى سېلىنما مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى پېڭ يۈڭتاۋ.

### ئەلئارا سېلىنمىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىندى ——

ھۆكۈمەتنىڭ ئاھالىلەر، ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى مۇۋاپىق تۈردە ئورتاق ئۈستىگە ئېلىش مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، مەركەز مالىيەسى ياردەم پۇلى بېرىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر مەخسۇس تۈر قەرزىنى مايىللاشتۇرۇپ، جەمئىيەت كاپىتالىنىڭ ئۆزگەرتىش، تىجارەتكە قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ.

ئۇچۇر تورى قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىغا قارىتا، 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېچىلغان گوۋۇيۈەننىڭ دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشى ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىلىپ، بازار سېلىنمىسىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلارنىڭ قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشىغا مەدەت بېرىلىدۇ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ مەھسۇلاتتا يېڭىلىق يارىتىشىغا، مۇلازىمەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىگە ئىلھام بېرىلىدۇ. ھۆكۈمەت يېتەكلەش ۋە قوللاشنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشى تېخىمۇ كۆپ قولايلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

شېڭ لىبى مۇنداق قارىدى: يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئالدىنقى مەزگىللىك سېلىنما كۆپ، تېخنىكىنىڭ دەۋرىيلىك يېڭىلىنىشى تېز، پايدا ئېنىقسىزلىقى چوڭ بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئالدىنقى مەزگىلدە ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشى توغرا كېلىدۇ، لېكىن بازار ۋە كارخانىلار باش رول ئېلىشى كېرەك. ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، جەمئىيەت كاپىتالىنىڭ كىرىشنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، سودا ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىي قوللىنىش ئورنى يېتىشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك بازار سېلىنمىسىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشى كېرەك.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگە قەدەر، بۇ يىل تارقىتىلغان يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن يەرلىك ھۆكۈمەت مەخسۇس زايومى 1 تىرىليون 160 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولۇپ، ھەممىسى قاتناش ئەسلىھەلىرى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، شەھەر مەمۇرىيىتى ۋە كەسىپلەر باغچە رايونى قاتارلىق مۇھىم، زور ئۇل ئەسلىھە تۈر قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىلدى؛ ئومۇمىي سېلىنمىسى 470 مىليارد يۈەنگە يېقىن بولغان تاللانغان ئەلئارا سېلىنما تۈرلىرىدە مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى ئۆزئۇللاشتۇرۇش كۈچەيتىلدى... ھۆكۈمەت سېلىنمىسى «ئاز ئارقىلىق كۆپكە تۈرتكە بولۇش» بولۇپ، ئەلئارا سېلىنمىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 1 - پەسىلدە، ئەلئارا سېلىنما ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 18.8% تۆۋەنلىگەن بولۇپ، تۆۋەنلەش ھەجمى 1 -، 2 - ئايدىكىدىن 7.6 پىرسەنت پوئېنت تارايغان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇل ئەسلىھە ئەلئارا سېلىنمىسىنىڭ تۆۋەنلەش ھەجمى 13.5 پىرسەنت پوئېنت تارايغان، ياسىمىچىلىق ئەلئارا سېلىنمىسىنىڭ تۆۋەنلەش ھەجمى 5.8 پىرسەنت پوئېنت تارايغان.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

## مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لى چاۋ: ھايات - ماماتلىق تاللاش قەھرىماننىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلدى



**قورallıق ساقچى قىسىم جياڭشى باش ئەترىتى گەنجوۋ تارماق ئەترىتى نىڭدۇ ئوتتۇرا ئەترىتىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقاندا لى چاۋ (ئوڭدا) سەپداشلىرى بىلەن بىللە قان تەقدىم قىلىشقا قاتناشماقتا. (2009 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تارتىلغان).**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (لى بىن فوتوسى)**

□ليۇ شىن ساۋ شيەنشۈن خې زۈگماۋ

«لى چاۋ!» قوراللىق ساقچى قىسىم جياڭشى باش ئەترىتى گەنجوۋ تارماق ئەترىتى نىڭدۇ ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى نۆۋەتچى خادىم ھەر كۈنى كەچتە يوقلىما قىلغاندا، دائىم بىرىنچى بولۇپ بۇ ئىسىمنى چاقىرىدۇ.

بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر تەكشى ئاۋازدا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «بار!»

لى چاۋ جياڭشى فېڭچېڭدىن، 2008 - يىلى 12 - ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن، 2010 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن. 2012 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، لى چاۋ ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغاندا ئوغرىلىق قىلمىشنى توسۇش ئۈچۈن، قارا نىيەت بىلەن ھايات - ماماتلىق ئېلىشىپ، بەختكە قارشى يۈرەككە پىچاق تىقىلىپ، ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

«ھەر قېتىم ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، لى چاۋ دائىم سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشنى تالىشاتتى.» ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ شەرەپ ئۆيىدىكى كۆرگەزمە ئىشكاپىغا، لى چاۋنىڭ ھايات چېغىدا ئىشلەتكەن بىر قۇم قاچىلانغان جىلتكىسى ۋە بىر ئوقدان تىزىلغانىدى. ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ جىداۋيۈەنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ھەربىي سەپكە كىرگەن ئىككى يىلدا، لى چاۋ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاسادىپىي يۈزبەرگەن ئون نەچچە ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشقان، جەنايەت گۇمانداردىن ئالتىنى قولغا چۈشۈرگەن.

2010 - يىلى 4 - ئايدا، نىڭدۇ ناھىيەسى ياڭشاجوۋ كەنتىدە ئېغىر ھۆلچىلىك ئاپىتى يۈزبەرگەن، لى چاۋ بۇيرۇققا بىنائەن ئوتتۇرا ئەترەت بىلەن خەۋپتىن قۇتقۇزۇشقا ئاتلانغان. نەق مەيداندا قارا يامغۇر قۇيۇۋاتقان، نۇرغۇن ئۆيلەرنى كەلكۈن بېسىپ كەتكەن. لى چاۋ بىلەن سەپداشلىرى ئۇدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما ۋە ئەشيالارنى جىددىي يۆتكىگەن.

لى چاۋ ئەڭ ئاخىرقى بىر چوڭ ئائىلىنى بىخەتەر جايغا يۆتكەۋاتقاندا، 80 نەچچە ياشلىق بىر بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «قوراللىق ساقچى يولداش، سىزدىن ئۆتۈنەي، مېنى ئۆيۈمگە ئېلىپ بارسىڭىز، مېنىڭ 30 مىڭ يۈەن پۇلۇم ئۆيدە قالغان، ئۇ مېنىڭ ئائىلەمنىڭ بارلىق بىساتى ئىدى...»

«كېسەك ئۆيلەر سۇ ئىچىدە قالدى، قايتىش بەك خەتەرلىك!» يۇرتداشلار بەس - بەستە بوۋايغا نەسىھەت قىلغان.

لى چاۋ بۇنى كۆرۈپ دەرھال بوۋايىنى يۆلەپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «بوۋا، جىددىيلەشمەڭ، مەن سىزگە ھەمراھ بولۇپ، پۇلىڭىزنى ئېلىپ كېلەي.» ئۇ شۇنداق دەپلا كاتېرنى ھەيدەپ، بوۋاينى سېلىپ كونا ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغان. بۇ چاغدا، سۇ ئىچىدە قالغان كېسەك ئۆي ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان بولۇپ، ئەگەر كاتېر داۋاملىق يېقىنلاشسا ھەر ۋاقىت خەتەر يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار ئىدى. لى چاۋ كۆكرىكىگە كېلىدىغان سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، شوتىنى مۈرىسىگە ئېلىپ بوۋايغا ھەمراھ بولۇپ ئىلگىرىلىگەن، بوۋاي ئاخىر شوتىغا يامىشىپ چىقىپ ئۆيىنىڭ بالىخانىسىغا چىقىپ، 30 مىڭ يۈەننى ئالغان. ئۇلار ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن...

بىر قېتىم لى چاۋ سەپداشلىرى بىلەن ناھىيە بازىرىدا چارلاۋاتقاندا، ئاما ئۇلارغا ئالدى تەرەپتە بىرەيلەننىڭ يول بويىغا توختىتىپ قويۇلغان تاكسىنى ئوغرىلاۋاتقانلىقىنى ئىنكاس قىلغان. ئۇلار تېزدىن نەق مەيدانغا بارغان. بىر جىنايەت گۇماندارى قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ - تېنەپ قاچقان. لى چاۋ باتۇرلۇق بىلەن قوغلاپ، ئۇنى يەر ئاستى ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا توسۇۋالغان. قارا نىيەت ئۇچىغا چىققان ياۋۇزلۇق بىلەن پىچىقىنى چىقىرىپ، تەلۋىلەرچە قارشىلىق كۆرسەتكەن. لى چاۋ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىرلا ۋارقىراپ، ساقچى كالتىكى بىلەن قاتتىق قورالنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز قارا نىيەتنى بويسۇندۇرغان.

لى چاۋنىڭ ئائىلىسى ئانچە باياشات ئەمەس ئىدى، ئەمما سەپدىشىنىڭ دادىسى ۋە ئاكىسىنىڭ قاتناش ۋەقەسىگە يولۇقۇپ، زور داۋالاش ھەققىگە ئېھتىياجلىقلىقىنى ئۇققاندا، لى چاۋ ئىككىلەنمەي تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇل ئىئانە قىلغان. چىڭخەي يۈشۇدا يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈزبەرگەندىن كېيىن، لى چاۋ ئەسلىي ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە خىراجەت قىلىشى ئۈچۈن ئەۋەتمەكچى بولغان 1000 يۈەن پۇلنى ئىئانە قىلغان.

كېيىن، لى چاۋ ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ يۇرتىغا قايتقان، ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: «بىر كۈن ھەربىي فورما كىيسە، بىر ئۆمۈر ھەربىي بولىدۇ».

2012 - يىلى، يېڭى يىلنىڭ تۇنجى كۈنى، لى چاۋ ئاممىۋى ئاپتوبۇستا بىر ئوغرىنىڭ بوۋاينىڭ ھەمىيىنىنى ئوغرىلاۋاتقانلىقىنى بايقىغان، لى چاۋ ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇنى تۇتۇۋالغان، ئوغرىغا ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگۈزگەن.

كۈتۈلمىگەندە، ئوغرىنىڭ بىر شېرىكمۇ ئاپتوبۇستىن چۈشكەن، ئۇ پىچاقنى چىقىرىپ لى چاۋغا تىققان. لى چاۋ خەتەر ئالدىدا قورقماي، ئىككى قارا نىيەت بىلەن ئېلىشقان، قارا نىيەتلەر ئۇنىڭ دۈمبىسى ۋە كۆكرىكىگە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پىچاق تىققان. قارا نىيەتلەر بۇنى كۆرۈپ ئالاقزادىلىك بىلەن نەق مەيداندىن قېچىپ كەتكەن... خەلق ساقچىلىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇنى يېقىن ئەتراپتىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان، ئەپسۇسلىنارلىقى، لى چاۋ يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

لى چاۋ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «فېڭچېڭ شەھىرى بويىچە ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن قەھرىمان» «جياڭشى ئۆلكىسى بويىچە ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپلىك نام تولۇقلاپ بېرىلگەن.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى نەنچاڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى بىرىنچى پوستتا چىڭ تۇرۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

تۇرلۇك تەكشۈرۈشلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەسىلە بايقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بالا يەنىلا بىئاراملىق ھېس قىلغان. ئەھۋالنى ئېنىق ئىگىلىگەندىن كېيىن، نيۇ شياۋشەن كېسەل كۆرۈش ئۆيىگە كىرىپ، بالىغا يېرىم سائەتكە يېقىن پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى، بالا خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

نيۇ شياۋشەن مۇنداق دېدى: «نۇرغۇن ئادەمدە ئەمەلىيەتتە روھىي جىددىيلىكتىن پسىخىكىلىق سېزىمچان ئىنكاس كېلىپ چىقىدۇ، جۈملىدىن دوختۇرلارمۇ پسىخىكىلىق مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ، باشقۇرغۇچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز جەزمەن ۋاقتىدا بايقاپ، ۋاقتىدا ھەل قىلىشىمىز كېرەك».

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدا قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، نيۇ شياۋشەن ئىزچىل بۇ يەردە نۆۋەتچىلىك قىلدى، ئۇ: بۇ مېنىڭ بۇرچۇم ۋە مەسئۇلىيىتىم، دېدى.

«1 - ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە نيۇ شياۋشەن يەنىلا ئىش ئورنىدا ئىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: گەرچە شىنجاڭدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى، دەپ دىياگنوز قويۇلغانلار نۆلگە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن «ئالدىنقى قاراۋۇل» بولغان قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىدە قىلچە بوششىپ قېلىشقا بولمايدۇ. بىز داۋاملىق 24 سائەت نۆۋەتچىلىك قىلىپ، باشتىن - ئاخىر يۈكسەك ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ساقلاپ، ھەر قانداق بىر گۇمانىي ئاغرىق مىسالىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، ئاغرىقلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىش بىخەتەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

(بېشى 1 - بەتتە)

S21 ئالتايدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تاشيول قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى توختىماي مېڭىپ تۇراتتى، ئۈچ قوزۇق قېقىش ماشىنىسى، بىر چىڭداش ماشىنىسى يولدا مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى. «بىزنىڭ يەنە يەتتە قوزۇق قېقىش ماشىنىمىز قۇراشتۇرۇلۇۋاتىدۇ، قۇراشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن دەرھال قۇرۇلۇش قىلىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ» دېدى خو يۈڭچاۋ.

S21 ئالتايدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تاشيول ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرى بولۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە قولدىن كەتكەن ۋاقىتنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، بارلىق قۇرۇلۇشچىلار ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى ئالدىغا سۈرمەكتە.

«بىز قۇرۇلۇش خادىملىرى ئۈچ ئىسمىنغا بۆلۈنۈپ، 24 سائەت ئىش توختاتمىدۇق.» خو يۈڭچاۋ مۇنداق دېدى: «1 - ماي» مەزگىلىدە كۆپچىلىك ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرىدۇ، ھاۋا رايى شارائىتى يار بەرسىلا ھەممىمىز ئۆز ئىش ئورنىمىزدا ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، تورنى ئۆز قەرەلىدە تاماملاشقا تىرىشىمىز».

چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، خو يۈڭچاۋ قاچا - قۇچىلارنى تاشلاپ قويۇپلا، ئارام ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي يەنە دەرھال جىددىي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىگە ئاتلاندى. «يېقىندىن بۇيان ھاۋا ياخشى، قۇرۇلۇش قىلىشقا ماس كېلىدۇ، بىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىز كېرەك» دېدى ئۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)